# شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى



شەرقى تۈركىستاننىڭ د لەت بايرىقى



**شەرقى تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربى**

## مىللى ئارمىيىنىڭ مارشى

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز پىدا بولسۇن جېنىمىز.

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئەھدى-ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز.

يارۇ-ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شەۋكەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن! مىلىڭ ياشىسۇن!! گۈزەل ئىستىقبالىمىز..

شەرقى تۈركىستان  ئاسىيا-ياۋرۇپا قۇرۇلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان،كۆلىمى 1 مىليون 828 مىڭ كۋادرات كېلومېتىر بولۇپ،جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دەپ داۋا قىلىۋاتقان ئۇمۇمى زېمىنىنىڭ 4 دىن 1 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ،شەرقى تۈركىستان نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى قىسقىسى ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سۆيۈملۈك  ئانا يۇرتى بولۇپ كەلمەكتە ھەم بولغۇسى مەڭگۈ!

شەرقى تۈركىستان ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان،قۇرۇقلۇق چېگرىسى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ،ئەتراپتا ختاي، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان،

پاكىستان، موڭغۇلىيە، ھىندىستان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت 9 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ.
شەرقى تۆركىستان تارىختا قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۆگۈن بولغان،ھازىر يەنە 2 - ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ،شۇڭا شەرقى تۆركىستاننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

شەرقى تۆركىستان قەدىمدە خىتايلار تەرىپىدىن غەربىي دىيار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھەرگۈزمۇ باسمىچى خىتايلار داۋا قىلغاندەك جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ باقمىغان.خىتاي باسمىچىلىرى( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن،شەرقى تۆركىستان جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان)دىگەندەك ئىلمى ئاساسى يوق داۋالارنى قىلىدۇ.
1949 - يىلى شەرقى تۆركىستاننى خىتاي كومۇنىست ھاكىمىيىتى بېسىۋالغان،1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شەرقى تۆركىستاننىڭ نامى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شەرقى تۆركىستاندا ھازىر 14 ۋىلايەت،ئوبلاست،شەھەر،88 ناھىيە (شەھەر) بار،بۇنىڭ 33 ى چېگرا ناھىيە (شەھەر). شەرقى تۆركىستانغا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دىگەن سۈنئى سالاھىيەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي خەلق باسمىچى ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان 174 تۈەن - مەيدان بار،بۇ مەيدانلار خىتاينىڭ  شەرقى تۆركىستاننى ئىستىلا قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي تەرەپ (شەرقى تۆركىستاننىڭ نوپۇسىنى 19 مىليون 631 مىڭ 100گە يەتتى ،بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى تەخمىنەن 60.5% نى ئىگىلەيدۇ. شەرقى تۆركىستاندا جەمئىي 47 مىللەت تەركىبى بار،بۇنىڭ ئىچىدە ئەزەلدىن بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنلىرى 13 . ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 9 مىليون 976 مىڭ 700 بولۇپ،ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 45.73% نى؛ باسمىچى ئاققۇن خىتايلار 7 مىليون 802 مىڭ 500 بولۇپ،39.75% نى ؛ قازاقلار 1 مىليون 381 مىڭ 600 بولۇپ،7.04% نى،خۇيزۇلار 876 مىڭ 300 بولۇپ،4.46% نى،قىرغىزلار 171 مىڭ 200 بولۇپ،0.87% نى،موڭغۇللار 169 مىڭ 600 بولۇپ،0.86% نى،تاجىكلار 43 مىڭ 500 بولۇپ،0.22% نى،شىبەلەر 40 مىڭ 800 بولۇپ،0.21% نى،مانجۇلار 24 مىڭ 100 بولۇپ،0.12% نى،ئۆزبېكلەر 14 مىڭ 200 بولۇپ،0.07% نى،رۇسلار 11 مىڭ 300 بولۇپ،0.06% نى،داغۇرلار 6700 بولۇپ،0.03% نى،تاتارلار 4700 بولۇپ،0.02% نى ئىگىلەيدۇ.) دەپ دوكۇلات ئېلان قىلغان ئىدى.
ئەمما چەتئەللەردىكى تەرەپسىز تەتقىقاتچىلار شەرقى تۆركىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 30 مىليۇن ئەتراپىدا ئىكەنلىگىنى،يەرلىك خەلق ئىچىدە نۇپۇسنىڭ 95% نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغانلىغىنى، قالغان 5%نى قىرغىز،قازاق، تاجىك،تاتار،ئۆزبېك، قاتارلىق يەرلىك ۋە كوچمەن خەلقلەرنىڭ تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويماقتا.

شەرقى تۆركىستان دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق،4 ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە قاتمۇقات مۇزلۇق چوققىلار،كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار،بىپايان يايلاقلار،يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار. 3 تاغ 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ. شىمالدا ئالتاي تېغى،جەنۇبتا كوئېنلۇن تېغى بار،تەڭرىتاغ  شەرقى تۆركىستاننى جەنۇبىي شەرقى تۆركىستان ۋە شىمالىي

شەرقى تۈركىستانغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تارىم ئويمانلىقى تەڭرىتاغ بىلەن كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ،كۆلىمى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ،ئۇ چوڭ بىر خىل ئويمانلىق ھېسابلىنىدۇ،تەكلىماكان قۇملۇقى ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ،كۆلىمى 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ،ئۇ دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2100 كىلومېتىر بولۇپ،ئۇ ئۇزۇن بىر ئىچكى دەريا ھېسابلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ،بۇ جاي دۇنيا بۇيىچە ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسا 2- دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن جاي ھېسابلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستاننىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل كىلىماتقا تەۋە بولۇپ،يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 155 مىللىمېتىر. تاغلاردىن ئېرىگەن قار سۇلىرى نۇرغۇن دەريالارنى شەكىللەندۈرگەن،بوستانلىقلار ئويمانلىقلارنىڭ چېتىگە ۋە دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان،بوستانلىق كۆلىمى شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆلىمىنىڭ 5% نى ئىگىلەيدۇ،تىپىك بوستانلىق ئېكولوگىيىسى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

شەرقى تۈركىستان ئۆزگىچە سۇ،تۇپراق،قۇياش نۇرى بايلىقىغا ئىگە. شەرقى تۈركىستاندا ئاپتاپنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن،يىغىندا تېمپېراتۇرا يۇقىرى،قىراۋسىز مەزگىل ئۇزۇن،يىللىق قۇياش رادىئاتسىيىسى مىقدارى شىزاڭدىن كېيىنلا تۇرىدۇ،بۇ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. شەرقى تۈركىستاندا ھازىر 60 مىليون 380 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ،كىشى بېشىغا 3. 12 مودىن توغرا كېلىدۇ. 3 تاغ ۋە 2 ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن ئوبدان يايلاقلار بار،يايلاق كۆلىمى 770 مىليون مو بولۇپ،ئىچكى مۇڭغۇل،شىزاڭدىن قالسىلا 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ.شەرقى تۈركىستاننىڭ سۇ بايلىقى خىتاي مەملىكىتى ئۇمۇمى سۇ بايلىقىنىڭ 3% نى ئىگىلەيدۇ. 2004 - يىلى شەرقى تۈركىستان بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 88 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر،كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئۈستى سۈيى 5146 كۇب مېتىر بولۇپ،خىتاي مەملىكىتى بويىچە ئوتتۇرىچە قىممەتنىڭ 2.25 ھەسسىگە توغرا كەلدى. ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 100مىليون كۇب مېتىر،مۇزلۇق زاپىسى خىتاي مەملىكىتى بويىچە مۇزلۇق زاپىسىنىڭ 50% نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما شەرقى تۈركىستان ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان،ھاۋاسى قۇرغاق،سۇ بايلىقى پەسىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى،تارقىلىشىنىڭ تەكشى بولماسلىقى،يەر ئۈستى سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن،بەزى جايلاردا سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققان.

شەرقى تۈركىستاننىڭ قېزىلما بايلىقىنىڭ تۈرى كۆپ،زاپىسى مول،ئېچىش ئىستىقبالى كەڭ. ھازىر بايقالغان قېزىلما بايلىق 138 خىل بولۇپ،بۇنىڭ ئىچىدە 9 خىلنىڭ زاپىسى خىتاي مەملىكىتى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ،32 خىلنىڭ زاپىسى غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت،تەبىئىي گاز،كۆمۈر،ئالتۇن،خرۇم،مىس،نىكىل،ئاز ئۇچرايدىغان مېتال،تۇز تۈرىدىكى قېزىلما،بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى ئىنتايىن مول. شەرقى تۈركىستاننىڭ نېفىت بايلىقى 20 مىليارد 860 مىليون توننادىن كۆپرەك بولۇپ،دۇنيا بۇيىچە نېفىت بايلىغى مول دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ؛ تەبىئىي گاز بايلىقمۇ خېلى كوپ. شەرقى تۈركىستاننىڭ نېفىت - گاز چارلاش - ئېچىش يۇشۇرۇن كۈچى غايەت

زور،ئىستىقبالى ئىنتايىن ياخشى. شەرقى تۈركىستاننىڭ مۆلچەرى كۆمۈر بايلىقى 2 تىرىلىيون 190 مىليارد توننادىن كۆپرەك بولۇپ،ختاي مەملىكتى بويىچە كۆمۈر زاپىسىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ. ئالتۇن،ئالماس،قاشتېشى قاتارلىق بايلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ،قەدىمدىن تارتىپ داڭلىق.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ساياھەت بايلىقى مول ھەم ئۆزگىچە.شەرقى تۈركىستاننىڭ تەبىئي مەنزىرىسى گۈزەل ھەم ئۆزگىچە بولۇپ،ھەيۋەتلىك مۇز چوققىلار،كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار،گۈزەل ئوت يۇرتى،قۇملۇقلارنى چۆرىدەپ تۇرىدىغان بوستانلىقلار بار. مەشھۇر تەبىئي مەنزىرە رايونلىرىدىن بۇغدا كۆلى،ماناس كۆلى،باغراش كۆلى،سايرام كۆلى،باينبۇلاق يايلىقى قاتارلىقلار بار. شەرقى تۈركىستاننىڭ ئانتوپورولوگىيىلىك ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ،5000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي،شىمالىي ۋە ئوتتۇرا غول لىنىيىلىرىدە يۈزلىگەن قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى،قەدىمكى قەبرىستانلىق،مىڭ ئۆي،بوز يەر ئېچىش خارابىسى قاتارلىق قەدىمكى مەنزىرە ئىزنالىرى قالغان،بۇنىڭ ئىچىدە يارغول قەدىمكى خارابىسى،ئىدىقۇت قەدىمكى خارابىسى،كرورەن قەدىمكى خارابىسى،قىزىل مىڭ ئۆيى،ئىپارخاننىڭ قەبرىسى قاتارلىقلار چەت ئەللەرگە داڭلىق. شەرقى تۈركىستان ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ،مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى رەڭگارەڭ،قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئانتوپورولوگىيىلىك ساياھەت مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ۋە ئۆزگىچە،تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور. شەرقى تۈركىستاندىكى ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 4000 دىن ئاشىدۇ. زىرائەت تۈرى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ،بىرمۇنچە زىرائەتلەرنىڭ سورتى ئىنتايىن ياخشى. شەرقى تۈركىستاننىڭ يەرلىك ھايۋانلىرى ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك بولۇش،كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شەرقى تۈركىستان يەنە كېلىپ كۆپ خىل مېۋىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەركىزى،ئىككىلەمچى مەركىزىدۇر. شەرقى تۈركىستاننىڭ مېۋە بايلىقى مول بولۇپ،بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك سورتى 300 خىلدىن ئاشىدۇ. تەبىئي دورىلاردىن چاكاندا،لوپنۇر كەندىرى،چۈچۈكبۇيا،ھىلى،قارلەيلىسى قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان،سۈپىتى ياخشى.

شەرقى تۈركىستاننىڭ تاشيول قاتناش مۇساپىسى86مىڭ500كىلومېتىربۇلۇپ،شەرىقتە گەنسۇ،چىڭخەي، غەرىپتە ئوتتۇرا ئاسىيا،غەربى ئاسىيا ئەللىرىگە، جەنۇبتا تىبەتكە ۋە پاكىستانغا تۇتاشقان،مەملىكتىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچىدە بولسا 68نەچچە دۆلەت يولىغا ۋە ۋىلايەت-شەھەرلەرگە،ناھىيە- يېزىلارغا تۇتاشقان تاشيول تورى بار.

ئەسكەرتىش:
ئۇقۇۋاتقىنىڭىز ۋەتىنىمىز ھەققىدە يېزىلغان قىسقاغىنا بىر ماقالە.
تەفسىلى يېزىلغان ماقالە بولسا بىزگە يوللاڭ تورداشلارمۇ پايدىلانسۇن!